## يەسلىنىڭ مۇلازىمەت ھەققى

نورۋېگىيەدە يەسلىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھا ئۆلچىمى بار. دېمەك، يەسلىلەر ھۆكۈمەت بېكىتكەن باھادىن كۆپ پۇل تەلەپ قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، سىز پەقەتلا يېمەكلىك پۇلى تۆلەيسىز. بۇ خىراجەت ھەرقايسى يەسلىلەردە ئوخشىمايدۇ.

## يەسلىنىڭ باھاسىنى بۇ يەردىن سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ

www.bergen.kommune.no/pris-barnehageplass. .
تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەر ئاتا-ئانىلارنىڭ مائاش ئەھۋالىغا قارىتا يەسلى ھەققىنى كېمەيتىشكە ھوقۇقلۇق.
بۇ توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرنى بۇ يەردىن ئوقۇڭ:
www.bergen.kommune.no/redusert-foreldrebetaling.

## يەسلى تاللاش ۋە يەسلىگە ئىلتىماس قىلىش

www.bergen.kommune.no/barnehageplass دېگەن توربەتتە يەسلىگە ئىلتىماس قىلسىڭىز بولىدۇ. توربەتتىكى كۆك كۇنۇپكىنى باسسىڭىز، سىز تۇرۇۋاتقان جايغا يېقىن يەسلىلەرنى تاپالايسىز.

بېرگېندىكى بارلىق يەسلىلەرنىڭ سانىنى بۇ بەتتىن تاپالايسىز: www.bergen.kommune.no/barnehager.

www.barnehagefakta.no. دېگەن توربەتتىن يېقىن ئەتراپىڭىزدىكى يەسلىلەرنى تاپالايسىز


© Kristin Hauge

Innbyggerservice, Kaigaten 4.

### ئىلتىماس سۇنۇشقا ياردەم كېرەكمۇ؟

شەھەر ئىچىدىكى كۆلنىڭ ئۇدۇلىدىكى Kaigaten 4 تىكى Inbyggerservice نى زىيارەت قىلىڭ ياكى 55 56 55 56 گە تېلېفون قىلىڭ. بۇ يەردە ئەگەر نورۋېگىيە كىملىكىڭىز بولمىسىمۇ، ئىلتىماس قىلىشتا ياردەمگە ئېرىشەلەيسىز.

BERGEN
KOMMUNE

Skipnes.no Svanemerket trykksak, 2041 0731 Foto forside: © Trude Haugen

UIGURISK – KINA

# يەسلى - ياخشى باشلىنىش



## يەسلى - ئويۇن ، ئۆگىنىش ۋە تەرەققىيات ئورنى

- يەسلىدە، بالىڭىز باشقا بالىلار بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بالىلار بىر-بىرىنىڭ مەدەنىيىتى، تىلى ۋە قىزىقىشى بىلەن تونۇشۇپ چىقىدۇ. ئۇلار ئويۇن ۋە پائالىيەتلەر ئارقىلىق باشقا بالىلار ۋە چوڭلار بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىدۇ. ئۇلار دوست تۇتىدۇ، ئىجتىمائىي ماھارەت يېتىلدۈرىدۇ ۋە مەكتەپنى باشلاشتىن بۇرۇنقى تەجرىبىلەرنى توپلايدۇ، ئۇنى كىشىلىك تەرەققىياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە كۈچەيتىدۇ.

- يەسلىدە بالىلارنىڭ تىل تەرەققىياتى غىدىقلىنىدۇ. باشقىلار بىلەن ئويناش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىر، كۆز قاراش، ھېسسىيات ۋە كەچۈرمىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تىل قابىلىيىتىمۇ تەرەققىي قىلىنىدۇ.

- بالىلار بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە تىل ئۆگىنەلەيدۇ. يەسلى ئاتا-ئانىلار بىلەن بىرلىكتە بالىنىڭ ئۆيدىكى ۋاقىتىدا ئانا تىلنى ۋە يەسلىدىكى ۋاقىتىدا نورۋېگ تىلىنى ئۆگىنىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

- تىل ئۆگىنىشكە جەريان كېتىدۇ. تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشچە، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان تىلنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە، ئوقۇش ۋە يېزىش قاتارلىق رەسمىي ئۆگىنىش شارائىتىدا تىل ئىشلىتىش ئۈچۈن، بەش يىلدىن يەتتە يىلغىچە ۋاقىت كېتىدىكەن. شۇڭلاشقا، يەسلى مائارىپى قانچە بالدۇر باشلانسا، مەكتەپ مائارىپىغا شۇنچە ياخشى ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

## يەسلى - ئاتا-ئانىلارنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ

- يەسلىدىكى ئىقتىدارلىق خىزمەتچىلەر بالىڭىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولغاچقا، سىزگىمۇ خىزمەت قىلىش ياكى ئوقۇش پۇرسىتى يارىتىلىدۇ.







## يەسلى - ياخشى باشلىنىش

يەسلى بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئويناش ۋە ئۆگىنىشكە بولغان ئېھتىياجىنى قامدايدىغان مائارىپ ئورگىنى بولۇپ، مائارىپ جەريانىدىكى بىرىنچى قەدەم. نورۋېگىيەدە ياشايدىغان بىر ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى يەسلىگە بارىدۇ.

## يەسلى - ئاتا-ئانىلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلاشقان مائارىپ تەكلىپى

ھۆكۈمەتنىڭ ۋە شەخسىيلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بارلىق يەسلىلەر يەسلى قانۇنىغا بويسۇنىدۇ. يەسلىدە كەم دېگەندە ئۈچ يىللىق ئالىي مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرى خىزمەت قىلىدۇ. دېمەك، ئىقتىدارلىق ۋە كۆيۈمچان خىزمەتچىلەر بالىڭىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ بالىلار توغرىسىدا نۇرغۇن بىلىملىرى بار. بالىنىڭ تەربىيەلىنىشى ئۆي بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىز ئۆزىڭىز ئەندىشە قىلغان ئىشلار توغرىسىدا خىزمەتچىلەر بىلەن بىمالال پاراڭلاشسىڭىز بولىدۇ، ھەمدە بالىڭىزنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىدىغان تەكلىپلەرنى بەرسىڭىزنى قارشى ئالىمىز. چۈنكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ئۇچراشقاندا، يەسلى بىلەن ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئىنتايىن مۇھىم.







© Trude Haugen